# 4130 ـ بەدەنگە چەكتۈرۈشنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكمى

**سۇئال**

ئىسلامدا بەدەنگە بىر نەرسىلەرنى چەكتۈرۈشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بەدەنگە بىر نەرسە چەكتۈرۈش دېگەن: بەدەنگە يىڭنە سانجىپ تۆشۈك ۋە تۆشۈك ئەتراپلىرىغا سۈرمە ياكى رەڭ دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى تۆكۈپ شۇ ئورۇندىكى تېرىنىڭ رەڭگىنى يېشىل ياكى كۆكۈش رەڭگە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق قىلىش بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن ھارامدۇر. "ئەلمۇغنى" 1-توم 84-بەت.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەدىنىگە بىر نەرسە چەككۈچى، چەكتۈرگۈچى، قاشلىرىنى تەرگۈچى، تەردۈرگۈچى ۋە چىرايلىق بولىمەن دەپ چىشلىرىنى ئارىسىنى كېڭەيتكۈچىلەرگە ئاللاھ تائالا لەنەت قىلدى».
[بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

« ئەللۇئلۇ ۋەلمەرجان» ناملىق ئەسەر 2-توم 175-بەت.